□پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار جۇڭگوغا قارشى سەپسەتىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز

# يالغان ـ ياۋىداق سۆز مىڭ قېتىم تەكرارلانسىمۇ يەنىلا يالغان ـ ياۋىداق سۆز

□ ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى(دىن ئىشلىرى ئىدارىسى)نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى(مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى) مۇختەر ھەسەن

يېقىندا، پومپېئو شىنجاڭغا ئاساسسىز ھۇجۇم قىلىپ ۋە قەستەن قارا چاپلاپ، جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سالدى، نىيىتى ئىنتايىن زەھەرخەندە.

شىنجاڭ ئەزەلدىن كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، كۆپ خىل دىن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان رايون، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ قان قېرىنداش ئائىلە ئەزالىرى. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە قانۇن بويىچە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى، ئىلگىرىلىشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ۋە مۇھىم ئىپادىسى.

شىنجاڭ تارىخىغا نەزەر سالساق، دىن ئىلگىرى ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپنىڭ پايدىلىنىش قورالى بولۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر مىللەت ئامما دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇق ـ مەنپەئەتىدىن ئەسلا بەھرىمەن بولالمىغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق قەد كۆتۈرۈپ ئازاد بولۇپ ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولغاندىن كېيىنلا، ئاندىن دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە ھەقىقىي ئېرىشتى.

دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى قوغدالدى، مەركىزىي ھۆكۈمەت مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن مەسچىتلەرنى رېمونت قىلدۇردى. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيىتى تولۇق ھۆرمەت قىلىندى ۋە كاپالەتكە ئىگە بولدى، پۇقرالارنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا ھەم دىنىي ئادەت بويىچە ئۆز ئۆيىدە ناماز ئوقۇشى، روزا تۇتۇشى، قۇرئان دېكلاماتسىيە قىلىشى قانۇن تەرىپىدىن قوغدالدى، ھېچقانداق تەشكىلات ۋە شەخس ئارىلاشمىدى. 1996 ـ يىلىدىن بۇيان، 2020 ـ يىلى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى سەۋەبىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن باشقا، ئاپتونوم رايون ھەر يىلى ھۆددە ئايروپىلان ئورۇنلاشتۇرۇپ ھەم چېگرادىن چىقىش ـ كىرىش، داۋالىنىش، يېمەك ـ ئىچمەك قاتارلىق جەھەتلەردە يۇقىرى سۈپەتلىك مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ، ھەج قىلىش پائالىيىتىنىڭ بىخەتەر، تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، شۇ جايدىكى شارائىتى بار ھەر مىللەت مۇسۇلمانلارنىڭ ھەج قىلىش پائالىيىتىنى ئوڭۇشلۇق تاماملىشىنى كاپالەتلەندۈردى. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر يەنە مەسچىتلەرنىڭ ئاممىۋى مۇلازىمەت شارائىتىنى سىجىل ياخشىلاپ، سۇ، توك، يول، گاز، خەۋەرلىشىش، رادىيو ـ تېلېۋىزىيە، مەدەنىيەت ـ كىتاب ئۆيىنى مەسچىتلەرگە كىرگۈزۈپ، كەڭ دىنىي ساھەدىكى زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ چوڭقۇر قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

يالغان ـ ياۋىداق سۆز مىڭ قېتىم تەكرارلانسىمۇ يەنىلا يالغان ـ ياۋىداق سۆز. پومپېئونىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك، ئۇنىڭ يالغان ـ ياۋىداق سۆزلىرى، پىتنە ـ ئىغۋالىرى، چاپلىغان بوھتانلىرى شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتى ۋە ئالغا ئىلگىرىلەش ئەمەلىيىتىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىناق، مۇقىم بولغان ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنۇشتەك رەزىل قىلمىشى مۇقەررەر ھالدا مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

# ھېچكىم بىزنىڭ گۈزەل تۇرمۇشىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلالمايدۇ

□ شىنجاڭ گېزىتخانىسى مۇخبىرى ئابدۇكېرىم سېيىتنىياز

پومپېئو ئېقىمدىكىلەر ئويدۇرۇپ چىقارغان «ئەسىر يالغان ـ ياۋىداق سۆزى» بىمەنە، كۈلكىلىك! مۇشۇ جايدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شىنجاڭلىق بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ھەر مىللەت خەلققە ئوخشاش بۇنى قاتتىق ئەيىبلەيمەن ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىمەن!

مەن ئۆزۈمنىڭ جۇڭخۇا چوڭ ئائىلىسىدە ياشىغانلىقىمدىن خۇشالمەن، ئۆزۈمنىڭ بۇ ئۇلۇغ دەۋردە ياشىغانلىقىمدىن خۇشالمەن، ئۆزۈمنىڭ جۇڭگولۇق بولغانلىقىمدىن خۇشالمەن، مەن ۋەتىنىمىزنىڭ قۇدرەت تاپقانلىقىدىن پەخىرلىنىمەن. ئەتراپىمدا يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەر مېنى ھەرۋاقىت ۋەتەنگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ھېسسىياتىغا چۆمدۈردى.

مەن پىچان ناھىيەسىنىڭ دالانكارىز يېزىسىدىكى بىر كەنتتە تۇغۇلغان، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزۈشكە ئاز قالغاندا، ئائىلىمىز بويىچە ناھىيە بازىرىغا كۆچۈپ كەلدۇق. 1983 ـ يىلى، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، شىنجاڭ داشۆنىڭ بىيولوگىيە فاكۇلتېتىغا ئۆتتۈم، كەسپىي دەرسلەرنى ياخشى ئۆگىنىش بىلەن بىللە، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقنى تىرىشىپ ئۆگەندىم. 1987 ـ يىلى داشۆنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، شىنجاڭ گېزىتخانىسىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىندىم. گېزىتخانىدا، بىر تەرەپتىن، پېشقەدەملەرگە ئەگىشىپ ئاخبارات كەسپىي بىلىملىرىنى ئۆگەندىم؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ھەر خىل ئۆگىنىش، تەربىيەلىنىش ئارقىلىق ئاخبارات كەسپىي سەۋىيەمنى ئۆستۈردۈم. 1991 ـ يىلى، شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىردىم.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە، مەن دۆلىتىمىزنىڭ قۇدرەت تاپقانلىقى ۋە ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقىنى قايتا ـ قايتا ھەقىقىي ھېس قىلدىم. پارتىيە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا، پارتىيە ئەزالىرى ۋە مەھەللە كادىرلىرى، پىدائىيلار ئاتاكىدا ئالدىغا ئۆتۈپ، خەۋپ ـ خەتەردىن قورقماي، ئاھالىلەر ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدى، كۆكتات، مېۋە ـ چېۋىلەرنى ئۆيگىچە ئاپىرىپ بەردى، قىيىنچىلىقى بولسا دەرھال ھەل قىلىپ بەردى...

ئەكسىچە پومپېئو ئېقىمدىكىلەرگە قاراپ باقايلى، ئۇلار ئامېرىكا خەلقىنىڭ ئامانلىقى بىلەن ھېسابلاشمىدى، ئۇلارنىڭ باشقىلارغا كەلسە ـ كەلمەس قول شىلتىشىگە قانداقمۇ سالاھىيىتى توشسۇن؟ پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار بىمەنە سەپسەتىلىرى پەقەت ئۇنىڭ سېسىق نامى پۇر كەتكەن «دىپلوماتىيە مىراسى»غا يەنە بىر ئۆچمەس داغ قوشۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. مەن يەنە بىر قېتىم پومپېئو ئېقىمدىكىلەرنى رەسمىي يوسۇندا ئاگاھلاندۇرىمەنكى، ھېچكىم بىزنىڭ گۈزەل تۇرمۇشىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلالمايدۇ!

# پومپېئونىڭ گۈزەل تۇرمۇشىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا يول قويمايمىز

□ شىنجاڭ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى زۇلخۇمار قۇربان

يېقىندا، پومپېئو پاكىتنى كۆزگە ئىلماي، شىنجاڭغا ئالاقىدار بىمەنە سەپسەتىلەرنى ئېلان قىلىپ، جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىشقا، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇندى، ئۇنىڭ رەزىل غەرىزى ھەققانىيەتچى زاتلارنى قاتتىق نەپرەتلەندۈردى!

مەن ئۈرۈمچىدە تۇغۇلدۇم، ئىنىم ئىككىمىز ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شىنجاڭ داشۆنى پۈتكۈزدۇق. ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، مەن مۇخبىر بولدۇم، ئىنىم نەشرىياتتا تەھرىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى.

پارتىيە ۋە دۆلەت شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى ۋە قوللىدى، بارغانسېرى كۆپ شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلار ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىپ ئالىي مائارىپنى قوبۇل قىلدى، ھەر مىللەت مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىقلار كەڭ تەرەققىيات بوشلۇقىغا ئىگە بولدى. ساۋاقداشلىرىمنىڭ بەزىلىرى ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئىشلىدى، بەزىلىرى ئۆزى ئىگىلىك تىكلىدى، يەنە بەزىلىرى چەت ئەلدە ئوقۇپ قايتىپ كېلىپ ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. ھازىر بۇ ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى كەسپتە ئۇتۇق قازاندى، ئائىلىسى بەختلىك، كۆڭۈللۈك ئۆتتۇۋاتىدۇ.

مۇخبىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن نۇرغۇن جايلارغا بېرىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك ئاماللار بىلەن خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا قولغا كەلتۈرگەن ئەمەلىي ئۈنۈمىگە گۇۋاھ بولدۇم، تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى كۈنسايىن يېڭىلىنىۋاتقان تەرەققىيات، ئىلگىرىلەشلەرگە گۇۋاھ بولدۇم، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىككى قولىغا تايىنىپ كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىدىكى خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىشلەرگە گۇۋاھ بولدۇم. قوشماقلاشقان تۇغقىنىم مەمەتتوختى مەمەتتۇردى گۇما ناھىيەسىنىڭ مۇجى بازىرى ئازغانباغ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنىڭ مەددىتى ۋە نامراتلارنى يۆلەش كادىرلىرىنىڭ ياردىمى ـ يۆلىشىدە، ئۇلار بىر ئائىلە كىشىلىرى ئەمىن ئۆيگە كۆچۈپ كىرىپ، تېرىقچىلىق، باقمىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇپ، ھەر يىلى مۇقىم كىرىمگە ئىگە بولدى. ئۇنىڭ ئوغلى ئابلىمىت مەمەتتوختى كەنت تەشكىللىگەن تەربىيەلەش كۇرسىدا نان يېقىش تېخنىكىسىنى ھەقسىز ئۆگىنىپ، شاڭخەيگە بېرىپ ئىشلەمچىلىك قىلدى، مەلۇم مىقداردا پۇل يىغقاندىن كېيىن، يەنە جۇڭچىڭغا بېرىپ شىنجاڭ ئالاھىدە كاۋاپخانىسى ئاچتى، تىجارىتى ناھايىتى ياخشى بولدى.

پومپېئو، سېنىڭ يالغان ـ ياۋىداق سۆزلىرىڭ شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات، گۈللىنىش مۇساپىسىگە قىلچىلىك توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ، بەلكى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق تەستە قولغا كەلگەن ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيەتنى تېخىمۇ قەدىرلەپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي تەۋرەنمەي قوغداپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، تېخىمۇ گۈزەل، بەختلىك كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىدۇ.

# پاكىت ئارقىلىق پومپېئونىڭ يالغان ـ ياۋىداق سۆزىنى ئېچىپ تاشلايمەن

□غۇلجا شەھىرى ئىلى دەرياسى يولى كوچا باشقارمىسى بايكوچا مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئابلىكىم مەمەت

يېقىندا، پومپېئو ئېقىمدىكىلەر شىنجاڭغا ئالاقىدار يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، «شىنجاڭ ئىسلام دىنىنى باستۇردى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى بوغدى» دەپ بوھتان چاپلىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى ئاساسسىز، پاكىتسىز بولۇپ، بىغەرەزلىككە تولغان، پۈتۈنلەي ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلىگەنلىك. دىنىي زات بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن پاكىت ئارقىلىق ئۇنىڭ يالغان ـ ياۋىداق سۆزىنى ئېچىپ تاشلايمەن.

شىنجاڭدا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى توغرىسىدىكى ئاساسىي قانۇن پرىنسىپى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇق ـ مەنپەئەتى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلدى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالارنىڭ دىنىي ھېسسىياتى، ئېتىقاد ئېھتىياجى، شۇنداقلا ئۆرپ ـ ئادىتىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىندى، قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەتلەر قانۇن تەرىپىدىن قوغدالدى، دىنىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئۈنۈملۈك قوغدالدى. بىزنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەتلىرىمىز قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ ناماز ئوقۇشى، روزا تۇتۇشى، دىنىي بايرام ئۆتكۈزۈشى قاتارلىقلار ھەم مەسچىتتە ئېلىپ بېرىلسىمۇ بولىدۇ، ھەم دىنىي ئادەت بويىچە ئۆز ئۆيىدە ئېلىپ بېرىلسىمۇ بولىدۇ، بۇنىڭ ھەممىسى تامامەن ئۆز ئالدىغا، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بولىدۇ، ھەرقانداق تەشكىلات ۋە ھەرقانداق شەخس ئارىلىشالمايدۇ.

مەسچىتلەرنىڭ شارائىتى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلاندى، ھۆكۈمەت مەسچىتلىرىمىزگە پار، ھاۋا تەڭشىگۈچ، تەرەت ئېلىش ئۆيى، سۇ چۈشۈرۈلىدىغان ھاجەتخانا قاتارلىق ئەسلىھەلەرنى سەپلەپ بېرىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي ئېھتىياجى ۋە نورمال دىنىي پائالىيىتىگە كاپالەتلىك قىلدى. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، ھۆكۈمەت داۋالاش خادىملىرىنى مەسچىتتە داۋالاش مۇلازىمىتى قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ھەقسىز ماسكا بىلەن تەمىنلەپ، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەپ، كەسپىي خادىملارنى مەسچىتلەرنى دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىلمىي قوغدىنىش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلدى، بۇ تەدبىرلەر نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

پومپېئونىڭ نومۇسسىزلىقى كىشىنىڭ كۆزىگە سىغمايدۇ، ئۇنىڭغا كىشىلەر لەنەت ئوقۇيدۇ، ئۇنىڭ سۈيىقەستى مۇقەررەر ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

# تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنىڭ قانداقلىقى توغرىسىدا بىز سۆز قىلىشقا ئەڭ ھوقۇقلۇق

□ئاقسۇ شەھىرىدىكى تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلىنىشنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى مىرزات تەلئەت

يېقىندا، پومپېئو شىنجاڭغا ئالاقىدار بىر قاتار بىمەنە سەپسەتىلەرنى ئېلان قىلدى ھەم تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلدى. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلىنىشنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن پومپېئوغا شۇنداق دەيمەنكى: تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنىڭ قانداقلىقى توغرىسىدا بىز سۆز قىلىشقا ئەڭ ھوقۇقلۇق.

تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى بىر مەكتەپ، ئادىمىلىك جەھەتتىن باشقۇرۇش بىزگە ئائىلىگە ئوخشاش ئىللىقلىقنى ھېس قىلدۇردى. مەكتەپ ئەزەلدىن تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكىنى چەكلىمىدى، ھەپتە ئاخىرى، بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە بىز ئۆيىگە قايتىپ ئائىلىمىزدىكىلەر بىلەن جەم بولالايمىز، ئادەتتىكى چاغلاردا ئائىلىمىزدىكىلەر بىلەن تېلېفوندا ئالاقىلىشەلەيمىز، ئىشىمىز بولسا خالىغان ۋاقىتتا رۇخسەت سورىيالايمىز.

بىز دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقنى ئۆگىنىش بىلەن بىللە، ئۆز مىللىتىمىزنىڭ تىلىنى ئەركىن ئىشلەتسەك بولىدۇ. مەكتەپ مۇزىكا، ئۇسسۇل، قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىق ئالاھىدە دەرسلەرنى تەسىس قىلدى. بىز ئەركىن ھالدا ناخشا ئېيتىمىز، ئۇسسۇل ئوينايمىز، تېلېۋىزور، كىنو كۆرىمىز، مەكتەپنىڭ ناخشا ئۆمىكى، ئۇسسۇل ئەترىتىگە قاتناشقان نۇرغۇن ساۋاقداش ئەدەبىيات ـ سەنئەت قابىللىرىغا ئايلاندى، تەربىيەلىنىشنى تاماملىغاندىن كېيىن ساياھەت شىركىتى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۆمەكلىرىگە ئىشقا ئورۇنلاشتى. بەزى ساۋاقداشلار چالغۇ ياساش، مىللىيچە رەسىم سىزىش، كەشتىچىلىك، ياغاچ ئويما قاتارلىق ماھارەتلەر بويىچە تەربىيەلەشكە قاتناشتى، تەربىيەلىنىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۆزى ئىگىلىك تىكلەپ، كىچىك زاۋۇت ۋە دۇكان ئېچىپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈردى.

پومپېئونىڭ پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىپ تۆھمەت قىلىشى تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە قارا چاپلىيالمايدۇ، كىشىلەرنى قايمۇقتۇرالمايدۇ. بۇ يەردە، مەن پومپېئوغا شۇنداق ئېيتىمەنكى، سەن بەئەينى غالجىرلاشقان چۈپرەندە، سېنىڭ ئويدۇرۇپ چىقارغان ئۇچىغا چىققان يالغانچىلىقلىرىڭ پەقەت سېنىڭ ناچار پەزىلىتىڭنى ۋە جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشتەك رەزىل نىيىتىڭنى دەلىللەيدۇ، خالاس.

# ئاغزىدىن يالغان ـ ياۋىداق سۆز تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان پومپېئو پەقەت ئۆزىنى ئۆزى شەرمەندە قىلىدۇ

□ توققۇزتارا ناھىيەسى لياڭفەنچاڭ مەيدانىدىكى دېھقان شىرئەلى ئابدۇۋەلى

يېقىندا، ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى پومپېئو شىنجاڭغا ئالاقىدار بىمەنە سەپسەتىلەرنى ئېلان قىلدى، بۇنىڭغا قارىتا، مەن قەتئىي قارشى تۇرىمەن ۋە چەكسىز غەزەپلىنىمەن.

بىز ھازىر ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ باياشات ۋە بەختلىك ياشاۋاتىمىز. شەخسەن ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، مەن ئىلگىرى مېۋە ـ چېۋە سېتىپ باققان، يەنە بىر خەنزۇ ئۇستامدىن ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرىنى رېمونت قىلىشنى ئۆگەنگەن، ھۆكۈمەتنىڭ ئىگىلىك تىكلەش ياردەم ئۆسۈملۈك قەرز پۇل سىياسىتىنىڭ يۆلىشىدە، مەن ئۆز ئالدىمغا ئىگىلىك تىكلەپ ئۆي جاھازلىرى، ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرىنى سېتىشقا باشلىدىم، ھازىر مېنىڭ ئۈچ تارماق دۇكىنىم بار. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە قوللىشى بولمىسا، تىنچ جەمئىيەت مۇھىتى بولمىسا، مەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىگىلىك تىكلىيەلمىگەن بولاتتىم، ھازىرقى گۈزەل تۇرمۇشقا ئېرىشەلىشىم تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ماڭا ئوخشاش كىشىلىك ھايات قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرغان ياشلار يەنە ئىنتايىن كۆپ...

مەنپەئەتلەنگۈچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىگىلىك تىكلەش يولىدا ئۆز ئەۋزەللىكىمنى جارى قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ ئاممىنى ئائىلىسىنى بېيىتىشقا يېتەكلەپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىم ئارقىلىق گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تۆھپە قوشىمەن.

مەن ياشاۋاتقان بۇ مۇنبەت تۇپراق گۈللەپ ياشنىماقتا، كۈنسايىن يېڭىلانماقتا، ھەر مىللەت خەلق خاتىرجەم ياشىماقتا، خۇشال ـ خۇرام ئىشلىمەكتە. پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، شىنجاڭنىڭ تەستە قولغا كەلگەن جەمئىيەت مۇقىم بولغان ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇشى ئۇنىڭ ناچار پەزىلىتىنى ئاشكارىلاپ بەردى. پومپېئونىڭ بۇ خىل غالجىرلاشقان چۈپرەندىلەرچە ئويۇنى پەقەت ئۆزىنى ئۆزى شەرمەندە قىلىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى خۇڭيۈەن شىمالىي يولى 500 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5593341، تارقىتىش مەركىزى: 5593062، پوچتا نومۇرى: 830028. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن